# مەن ئىمران ئىبنى ھۇسەين بىلەن بىرگەئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدۇم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەجدە قىلغاندا، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ۋە ئىككىنچى رەكەتتىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتتى

مۇتەررىپ ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمران ئىبنى ھۇسەين بىلەن بىرگە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدۇم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەجدە قىلغاندا، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە ۋە ئىككىنچى رەكەتتىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتتى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتتا، ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:«بۇ كىشى ماڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى ئەسلەتتى ياكى بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بەردى» دىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇھەدىستە نامازنىڭ سىمووۇللۇق شۇئارى بايان قىلىنغان، ئۇ بولسىمۇ نامازدا تەكبىر ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت، مۇتەررىپ ئۆزىنىڭ ئىمران ئىبنى ھۈسەين بىلەن بىرگە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەجدىگە بارغاندا، سەجدىدىن تۇرغاندا، تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتىن قىيامغا تۇرغاندا تەكبىر ئېيتقانلىقىنى، كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئورۇنلاردا ئاشكارا تەكبىر ئېيتىشنى تەرك قىلغانلىقىنى، نامازدىن بىكار بولغاندا، ئىمران ئىبنى ھۈسەيىننىڭ مۇتەررىپنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ ئورۇنلاردا تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزىنى ئەسلەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee